### مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى ئۇقتۇرۇش بېسىپ تارقاتتى

# خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈشىگە بولغان مۇلازىمەت كاپالىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈشىگە بولغان مۇلازىمەت كاپالىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتتى.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھازىر، چېگرا سىرتىدا يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى سىجىل يامراۋاتىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا توپلىنىش خاراكتېرلىك يۇقۇم ۋە تارقاق تارقالغان ئاغرىق مىساللىرى ئۈزلۈكسىز كۆرۈلۈۋاتىدۇ. چاغانلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە زۆرۈر بولمىسا يۆتكىلىپ يۈرمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىش يۇقۇمنىڭ تارقىلىش خەۋپ ـ خەتىرىنى ئازايتىشقا، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقا پايدىلىق. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ 2021 ـ يىللىق يېڭى يىل، چاغان مەزگىلىدىكى ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» ۋە گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى بېسىپ تارقاتقان «ھازىرقى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئېھتىياجى بويىچە ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزىدىغان ئاممىغا كۆپىيىشتەك يېڭى ئەھۋالغا قارىتا، تۈرلۈك مۇلازىمەت كاپالىتى خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشى، خەلق ئاممىسىنى خۇشال ـ خۇرام، ئىناق، ساغلام، بىخەتەر، كاتتا چاغان ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئاممىنى ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈشكە مۇۋاپىق، تەرتىپلىك يېتەكلەش كېرەك. يۇقۇم خەۋپ ـ خەتىرى يۇقىرى رايونلاردىكى ئامما بىردەك ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈشى، كىشىلەرنىڭ يۆتكىلىشىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشى، كىشىلەرنىڭ يۆتكىلىش سەۋەبلىك يۇقۇمنىڭ تارقىلىشى، يامرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. يۇقۇم خەۋپ ـ خەتىرى ئوتتۇراھال رايونلاردىكى ئامما پىرىنسىپ جەھەتتە ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈشى، ئالاھىدە ئەھۋالدا سىرتقا چىقىشقا توغرا كەلسە، تەۋەلىكتىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتۈشى كېرەك. يۇقۇم خەۋپ ـ خەتىرى تۆۋەن رايونلار ئاممىغا ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈش، زۆرۈر بولمىسا سىرتقا چىقماسلىقنى تەشەببۇس قىلىشى كېرەك. ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلار ۋە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى خادىملار باشلامچىلىق بىلەن ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈشى، سىرتتىن كەلگەن دېھقان ئىشلەمچىلەر، مەكتەپتىن ئايرىلمىغان ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈشكە يېتەكلىشى كېرەك. ھەقىقەتەن سىرتقا چىقىشى زۆرۈر بولغان كىشىلەر پىرىنسىپ جەھەتتە يۇقۇم خەۋپ ـ خەتىرى يۇقىرى، ئوتتۇراھال رايونلارغا بارماسلىقى كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزىدىغان ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئېنېرگىيە تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، بولۇپمۇ چوڭ، ئوتتۇراھال شەھەرلەر ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىشى، تولۇق تەييارلىق كۆرۈشى كېرەك. يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرى، تاللا بازار، سېتىش مەيدانلىرى، تىرىك، يېڭى مەھسۇلاتلار ئېلېكترون سودىسى، ئەشيا ئوبوروت تەقسىملەپ يەتكۈزۈش كارخانىلىرىنى نورمال تىجارەتنى ساقلاشقا يېتەكلەپ ۋە قوللاپ، تۇرمۇش زۆرۈر بۇيۇملىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى، ئۆكسۈپ قالماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، مەھەللە، يېزا ـ كەنتلەردىكى پارچە سېتىش تور نۇقتىلىرىنىڭ چاغانلىق دەم ئېلىشتا ھەر كۈنلۈك تىجارەت ۋاقتىنى سەككىز سائەتتىن كەم قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. باھادىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، مۇھىم تاۋارلار بازىرىنىڭ تەمىناتى ۋە باھانىڭ تەكشى، مۇقىم ئېلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تور، تېلېۋىزىيە، رادىيو قاتارلىق مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پىروگراممىلىرى بىلەن تەمىنلەشنى كۆپەيتىش، ھەقسىز ئېقىم مىقدارى، تور سىن ئەپلىرىدە ۋاقىتلىق ھەقسىز كىنو قويۇش قاتارلىق تور مۇلازىمەتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش، يۇقۇم خەۋپ ـ خەتىرى تۆۋەن رايونلاردىكى كۇتۇپخانا، مۇزېي، كىنوخانا ـ تىياتىرخانا، باغچە، تەنتەربىيە مەيدانلىرى قاتارلىق ئاممىۋى پائالىيەت بوشلۇقلىرىدا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئالدىنقى شەرتىدە، ئېچىۋېتىش ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاممىنى مول، كۆپ خىل مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. سانغا چەك قويۇش، ئالدىن كېلىشىش، مۇۋاپىق ۋاقىت ئايرىلىپ قالدۇرۇش قاتارلىق تەلەپلەرگە ئاساسەن، ساياھەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، دەم ئېلىش كۈندىكى ساياھەت پائالىيەتلىرىنى موللاشتۇرۇش، ئاممىنىڭ ساياھەت قىلىش، ئىستىراھەت ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش كېرەك. ھەرقايسى جايلارنى ئاممىنىڭ چاغانلىق ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇچراشمايدىغان، ئاز توپلىشىدىغان تۈرلۈك ئىستېمال تۈرلىرى ۋە جەمئىيەت مۇلازىمىتى بىلەن پائال تەمىنلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزىدىغان ئاممىنى باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. شەھەر، يېزىلاردىكى مەھەللىلەر ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەھەللە «ئىككى كومىتېت»ى قاتارلىق ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۈللۈق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دائىرىلەشتۈرۈپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزىدىغان ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇشى ۋە ئۇنى قاندۇرۇشى كېرەك. يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزىدىغان خادىملار بولۇپمۇ سىرتتىن كەلگەن دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ دەم ئېلىش مەزگىلىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك، ياتاق، داۋالاش قاتارلىق مۇلازىمەت كاپالىتىنى پائال ياخشى ئىشلىشى كېرەك. مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىدا تەمىناتنى كاپالەتلەندۈرۈش، باھانى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ياتاق كاپالىتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى كۈچەيتىپ، مەكتەپتە قالغان ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا غەمخورلۇق قىلىش، كۆيۈنۈش ۋە بىخەتەرلىك باشقۇرۇشنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ئەھۋالغا قاراپ ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش ئۆلچىمىنى مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى بىلەن باغلاشتىن ئىبارەت بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش مېخانىزمىنى قوزغىتىش كېرەك، شارائىتى يار بەرگەن جايلار ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا مۇۋاپىق بايراملىق ياردەم پۇل ياكى ۋاقىتلىق تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقاتسا بولىدۇ. قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلار، يېتىم بالىلار، ئۆيدە قالغان ئاياللار ۋە بالىلار، تۇرمۇشتا تايانچى يوق سەرگەردان تىلەمچىلەر، مېيىپلەر، روھىي كېسەللەر قاتارلىق ئالاھىدە كىشىلەر توپى جۈملىدىن ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈش سەۋەبلىك يوقلاشقا ئامال بولمىغان ياشانغانلار، بالىلار قاتارلىقلارنى تېگىدىن ئېنىقلاپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، زىيارەت قىلىپ يوقلاشنى كۈچەيتىش، قاراتمىلىققا ئىگە ھالدا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، غەمخورلۇق قىلىش بىلەن تەمىنلەپ، ياخشى قاراش، مۇلازىمەتنى جايىدا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا يەنە ئاممىنىڭ سىرتقا چىقىشى قولايلىق بولۇشى، تەرتىپلىك بولۇشى ۋە مال ترانسپورت، ئەشيا ئوبوروتنىڭ راۋان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزگەن ئاممىنىڭ مائاشى، دەم ئېلىشى قاتارلىق قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈش ياخشى كەيپىياتىنى پائال يارىتىش، تۈرلۈك مۇلازىمەت كاپالىتى تەدبىرلىرىنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە نۇرغۇن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سۆزلەرنى تارقىتىشى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش، شىنجاڭنى ئۆزى ئالدىن قۇرغان كىشىلىك ھوقۇق تۇزىقىغا چۈشۈرۈشكە تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش، خەلقئارا ئاممىۋى پىكرىنى خاتا يۆنىلىشكە يېتەكلەش، جۇڭگونىڭ ئوبرازىغا قارا چاپلاش، جۇڭگونىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇش ئۈچۈندۇر، بۇ پەقەت ئۇنىڭ ناچار پەزىلىتىنى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشتەك رەزىل نىيىتىنى دەللىلەپ بېرىدۇ. شىنجاڭنىڭ مۇقىم ئىكەنلىكى، تەرەققىي قىلغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت ئالدىدا، پومپېئو تارقاتقان يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر جەزمەن ئۆز ـ ئۆزىدىن بىتچىت بولىدۇ؛ پومپېئو چاچقان زەھەر جەزمەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ؛ پومپېئونىڭ غالجىرلاشقان، تەلۋىلەشكەن قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى جەزمەن تارىخنىڭ شەرمەندىچىلىك تۈۋرۈكىگە مىخلىنىدۇ!

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتىدە مۇھىم، زور نەتىجە ـ ئۇتۇقنى قولغا كەلتۈردى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. بىز جەمئىيەت ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قانۇن بويىچە قوغداشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ھەم زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى تېررورىزم، ئەسەبىيلىكنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراشتىن ساقلاشقا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدۇق. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرى يۈز بەرمىدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تىنچلىق، مۇقىملىققا بولغان ئارزۇسى ۋە ئۈمىدى ئەمەلگە ئاشتى. بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلدۇق، جەمئىي 3666 نامرات كەنت نامراتلىقتىن چېكىنىپ، 32 نامرات ناھىيە نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىپ، 3 مىليون 64 مىڭ 900 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇردۇق، مۇتلەق نامراتلىق ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىي نامراتلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۇق. بىز ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇردۇق، 2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 919 مىليارد 590 مىليون يۈەندىن ئېشىپ 1 تىرىليون 359 مىليارد 710 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %7.2 ئاشتى؛ ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت كىرىمى 128 مىليارد 230 مىليون يۈەندىن ئېشىپ 157 مىليارد 760 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %5.7 ئاشتى؛ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرى سۈرئەتلىك يول دەۋرىگە قەدەم قويدى. بىز خەلق تۇرمۇشىنى سىجىل كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر يىلى ئادەتتىكى ئاممىۋى مالىيە خامچوت چىقىمىنىڭ %70تىن كۆپرەكىنى خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان ئەمەلىي ئىشلارنى ياخشى قىلىشقا ئىشلەتتۇق. 2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، شىنجاڭ ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %9.1 ئاشتى، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بىلەن تولۇق قاپلاشنى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۈچ يىللىق ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى ۋە 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپ بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردۇق، ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى %99.7كە يېتىپ، ئومۇمىي خەلق سالامەتلىكنى ھەقسىز تەكشۈرتۈشتىن بەھرىمەن بولدى، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەر مىللەت خەلققە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپ يەتكۈزۈلدى. بىز ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، قانۇن بويىچە مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغدىدۇق، ۋارىسلىق قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇردۇق، قانۇن بويىچە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلدۇق، ھەرقايسى مىللەتلەر بېرىش ـ كېلىش قىلىپ، سىڭىشىپ بىللە ئۆتۈپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى. بىز ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرى ۋە دىنىي ئېھتىياجىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلدۇق، شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنى قاتارلىق دىنىي مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىپ، دىنلار ئىناقلىقى ۋە رايىشلىقىنى ئىلگىرى سۈردۇق.

شىنجاڭ قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ چەكسىز ئەۋزەللىكى ۋە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى كۈچلۈك نامايان قىلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قەتئىي ھىمايە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا بولغان ئىشەنچى تولۇپ تاشتى. 2018 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن بۇيان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرى، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىم تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 80 نەچچە تۈركۈم ئۆمەك ـ گۇرۇپپىدىكى 1200دىن كۆپرەك كىشى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكىسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولدى، مەن ئۆزۈممۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نۇرغۇن ئېكىسكۇرسىيە، زىيارەت ئۆمەك ـ گۇرۇپپىلىرىنى كۈتۈۋالدىم، ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ھەممىسى شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ياخشى باھا بەردى، بەس ـ بەستە شىنجاڭنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشكە، ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدىكەن دېيىشتى.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر ئاقىللار ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمەيدۇ. پومپېئونىڭ قەبىھ قىلمىشى ۋە رەزىل ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ھەرقانداق تۆھمەت جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش مۇساپىسىنى توسۇيالمايدۇ؛ ھەرقانداق يالغان ـ ياۋىداق سۆز شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىدەك، ئىلگىرىلىگەنلىكىدەك پاكىتنى يوققا چىقىرالمايدۇ؛ ھەرقانداق سۇيىقەست شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ. پومپېئو مەيلى قانداق يالغانچىلىق قىلسۇن، قانداق ئالدامچىلىق قىلسۇن، ھەق ـ ناھەقنى قانداق ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلسۇن، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىغا دەخلى يەتكۈزەلمەيدۇ، شىنجاڭنىڭ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان مەزمۇت قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ!

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، قاتتىق بولۇش ئاساسىي رىتىمىدا ئۈزلۈكسىز چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى بىر دەقىقىمۇ توختاتماي ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېتەكلەش، كاپالەتلىك قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى نەتىجە ـ ئۇتۇقى ئارقىلىق «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىشقا كۈچەپ، پارتىيەۋىلىك جەھەتتە چېنىقىشنى، پارتىيەۋىلىك جەھەتتە تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىپ، غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، ئىدىيەۋى مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، كۈچلۈك سىياسىي نازارەتچىلىكنى تاۋلاپ چىقىش كېرەك. سىياسىي نازارەتچىلىكنى دائىملاشتۇرۇش، كونكرېتلاشتۇرۇشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، نازارەت قىلىش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىغا بولغان نازارەتچىلىك، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ كەم ـ كوتىسىز دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تۈزەشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ئۇتتاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق ساھەلەرنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق ساھەلەرنى نازارەت قىلىش مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە، ئاممىنىڭ ئەتراپىغىچە ئۇزارتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى سىجىل تۈزەپ، ئاممىنىڭ «ئالدىراۋاتقان، قىينىلىۋاتقان، ئەنسىرەۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان» مەسىلىلىرىنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، ئىستىلنى ياخشىلاشتا قەتئىي بوشاشماسلىق كېرەك. ھېچقانداق ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولماسلىق ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئومۇميۈزلۈك قاتتىق بولۇش، ئاخىرغىچە قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، نىشانلىق تۈزىتىپ، تۈزەپ، پارتىيەنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىل جەھەتتىكى تەربىيەنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «تۆت خاھىش»نى قەتئىي بوشاشماي تۈزىتىپ، تۈزەپ، شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى، يامرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، سىجىل تۈردە ئاساسىي قاتلامنى باغلاقتىن بوشىتىپ، يۈكنى يېنىكلىتىپ، ئېسىل ئىستىل ئارقىلىق كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، ۋەزىپىنى تولۇق ئادا قىلىشى، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت (پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى، پارتىيە كومىتېت (پارتىيە گۇرۇپپا)لىرىنىڭ شۇجىلىرى بىرىنچى جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىپ، سىستېمىلىق تۈزەش، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەش ئىدىيەسى بىلەن ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى نازارەتچىلىك ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، نۇقتىلىق كىشىلەر، نۇقتىلىق ئىشلارنى كۆزلەپ، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ ۋەزىپىنى تولۇق ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى قەلبكە پۈكۈش، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى ھەرىكەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

يەتتىنچىدىن، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى قوشۇنىغا ئەلالارنى تاللاپ، كۈچلۈكلەرنى سەپلەپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ساپا، كەسپىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، قاتتىق باشقۇرۇش، قاتتىق ئىدارە قىلىش، ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، سىياسىي ساپاسى يۇقىرى، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان، كەسپىلەشكەن، ئىقتىدارى كۈچلۈك، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، كۈرەش قىلىشقا ماھىر ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە پولات قوشۇنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭ بېيجىڭ، خېبېيدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا ھەم بېيجىڭ 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش دۆلەت ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ قار ـ مۇز بايلىقى ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، سىياسەت ئارقىلىق يېتەكلەش ۋە يۆلەشنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىۋى تەنتەربىيە ھەرىكىتى ۋە تەنتەربىيە كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئاممىۋى تەنتەربىيە، ماھارەت تەنتەربىيەسى، تەنتەربىيە كەسپىنىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ساغلاملىق ساپاسى، زامانىۋى ماھارەت تەنتەربىيەسى سەۋىيەسى ۋە قار ـ مۇز ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.